PUBLISHED BY EASTERN TURKESTAN (UYGHURISTAN) NATIONAL CONGRESS



# ئىستىقلال
# ISTIKLAL


قوش ھەپتىلىك
سىياسىي ـ ئىلمىي گېزىت

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

2001 ـ يىلى 2 ـ ئاي
25 ـ سان


## غۇلجا ئىنقىلاۋىنىڭ 4 ـ يىللىقىنى خاتىرلەيمىز!

بۇ يىل 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى « 5 ـ فېۋرال غۇلجا ئىنقىلاۋى » نىڭ 4 ـ يىللىق خاتىرە كۈنى. گەرچە بۇ ۋەقەنىڭ يۈزبەرگىنىگە 4 يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇيغۇر خەلقى بۇ تارىخىي ۋەقەنى ھېچبىر زامان ئېسىدىن چىقىرىۋەتكىنى يوق ۋە مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ. چۈنكى بۇ ۋەقە مۇستەبىت خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە قاراتقان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتى سۈپىتىدە خەلقىمىزنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىغا ئورۇنلىشىپ كەتتى.

(داۋامى 2 ـ بەتتە)

## قۇرۇلتاي ھەيئىتى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشتى

ئۆز خەۋىرىمىز: بۇيىل 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان باشچىلىقىدىكى 4 كىشىلىك قۇرۇلتاي ھەيئىتى شۋېتسىيەنىڭ پايتەختى

(داۋامى 2 ـ بەتتە)



## ئىككى نەپەر ئۇيغۇر « ئۇنپو » تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتىگە سايلاندى

ئۆز خەۋىرىمىز: 2001 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە ئېستونىيەدە چاقىرىلغان « ئۇنپو » تەشكىلاتىنىڭ 6 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا، مىللىي رەھبىرىمىز ئەركىن ئالپتېكىن مەزكۇر تەشكىلاتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا، « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىپى ئەسقەرجان پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن « ئۇنپو » تەشكىلاتىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا سايلاندى.

بولۇپ، مەزكۇر تەشكىلاتقا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا كىرەلمىگەن ۋە ئاسارەت ئاستىدا ياشاۋاتقان 51 مىللەت ئەزا. مەشھۇر ئۇيغۇر سىياسىيون ۋە دىپلومات ئەركىن ئالپتېكىن « ئۇنپو » تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مەزكۇر تەشكىلاتىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىسى، رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ئىدى. « ئۇنپو » تەشكىلاتى باش كاتىپلىق تۈزۈمىدىكى خەلقئارا تەشكىلات بولۇپ،



قىسقارتىلغان نامى « ئۇنپو » دەپ ئاتالغان « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى » 1991 ـ يىلى قۇرۇلغان ئۇنىڭ رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرى پەقەتلا سىمۋول خارەكتېرلىك. ئەركىن ئالپتېكىن بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن

(داۋامى 3 ـ بەتتە)

## ئۇيغۇر مائارىپى جىددىي خەۋپكە دۇچ كەلمەكتە!

مىللىي قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ ۋەتەندىن ئىگىلىگەن ۋاستە ئالغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، يېقىندا خىتاي ھۆكۈمىتى مائارىپ تارماقلىرى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى مىللىي ئالىي مەكتەپلەرگە ئىچكى جەھەتتىن ئۇقتۇرۇش چۈشۈرۈپ، مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى كىيلەر مەۋسۇمىدىن ئېتىۋارەن ئوقۇغۇچىلارغا دەرسلەرنى خىتاي تىلىدا ئۆتۈشنى بۇيرىغان. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشىدا، خىتايچە بىلمىگەن ۋە خىتاي تىلىدا دەرس ئۆتەلمەيدىغان مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئۇنۋانىنى بىكار قىلىپ، مائاش دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش ۋە باشقا مەمۇرى ئىشلارغا سېلىش، يېشى چوڭراق بولۇپ، خىتايچە ئۆگىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلارنى مەجبۇرىي پېنسىيەگە چىقىرىش كېرەكلىكى تەكىتلەنگەن. (د.3. بەتتە)

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى

# غۇلجا ئىنقىلاۋىنىڭ 4 - يىللىقىنى خاتىرلەيمىز!




( بېشى 1 - بەتتە)

يەنە شۇنداقلا « 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلاۋى » ھازىرقى زامان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇستەملىكچىلىككە، زۇلۇمغا، ئېزىلىشكە ۋە خورلۇققا قارشى ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرىشىنىڭ سىمۋولى ۋە بايراقدارى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ شانلىق ئەھمىيىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. گەرچە بۇ ۋەقە ۋەھشى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قانلىق شەكىلدە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما غۇلجا خەلقى ئۆزىنىڭ ئىسسىق قېنى ۋە قىممەتلىك ھاياتى بەدىلىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۇلۇمغا تىز پۈكمەيدىغان كۈرەشچان روھىنى پۈتۈن دۇنيا خەلقى ئالدىدا نامايەن قىلغان ئىدى. شۇڭا ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر خەلقى « 5 - فېۋرال » غۇلجا قىرغىنچىلىقىدا ھاياتىدىن ئايرىلغان قەھرىمان ئوغۇل - قىزلىرىنى ھەرگىز ئېسىدىن چىقارمايدۇ ۋە ئۇلارنى مەڭگۇ قايغۇ ھەم سېغىنىش ئىلكىدە ياد ئېتىدۇ.

شۇنداقلا ئۇلارنىڭ كۈرەش ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەل - تۆكۈس مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە قارشى كۈرەشنى ئاداققىچە قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ!

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزىي ئورگىنى « 5 - فېۋرال غۇلجا ئىنقىلاۋى » نىڭ 4 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن پۈتۈن ئىلى خەلقىگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ، شېھىدلىرىمىزنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغا ۋە خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا يېتىۋاتقان باتۇر ئوغلانلىرىمىزغا جانابى ئاللاھتىن سەبىر تىلەيدۇ. شېھىدلىرىمىزنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن!!

ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن:
« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزىي ئورگىنى
2001 - يىلى 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى
گېرمانىيە — ميۇنخېن



# قۇرۇلتاي ھەيئىتى ياۋروپا پارلامېنتىنىڭ ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ستوكھولمدا ياۋروپا پارلامېنتى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى Per Gahrton ئەپەندى بىلەن ئالاھىدە ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيىتى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەردى ھەمدە ئۇنىڭغا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىم ۋە قىرغىنچىلىق سىياسەتلىرى بايان قىلىنغان ھۆججەت - ماتېرىياللارنى تەقدىم قىلدى.

بۇقېتىمقى ئۇچرىشىشتا، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ دائىمى كومىتېت ئەزاسى ۋە « شۋېتسىيە ئۇيغۇر جەمىيىتى » نىڭ رەئىسى فارۇق سادىق، مىللىي قۇرۇلتاي ياشلار كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى كۈرەش كوسەن ۋە قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ شۋېتسىيەدە دائىمى تۇرۇشلۇق ۋەكىلى دىلشات رىشىت قاتارلىقلار بىرگە بولدى.

بىر سائەت داۋام قىلغان بۇقېتىمقى كۆرۈشۈشنىڭ ئاخىرىدا Per Gahrton ئەپەندى ياۋروپا پارلامېنتىدا شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىق مەسىلىسى ھەققىدە ئالاھىدە يىغىن چاقىرىش ئىمكانلىرىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ شۋېتسىيەدىكى « يېشىللار پارتىيىسى » نىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، بۇ دۆلەتتە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە ئائىت ئالاھىدە كونفىرانس ئۇيۇشتۇرۇش ئىمكانلىرىنى ئىزدەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. Per Gahrton ئەپەندى يەنە ئۆزىنىڭ بۇيىل ئىچىدە تىبەتنى زىيارەت قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانغا زىيارەتكە بېرىش نىيىتى بارلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتتى.

ئەنۋەرجانمۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، ئىككى تەرەپنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئالاقە ۋە دىئالوگلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدىكى ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى بايان قىلدى ۋە قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنى ئالاھىدە قوبۇل قىلغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتتى.

خەلقىمىزنى سۆيۈندۈرىدىغىنى شۇكى، 1999 - يىلى ئۆكتەبىردە « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » قۇرۇلغاندىن بۇيان، قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىدىكىلەرنىڭ ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە مىللىي قۇرۇلتىيىمىز پەيدىن - پەي خەلقئارا تەشكىلاتلار تەرىپىدىن تونۇلۇشقا باشلىدى ۋە ھازىر كۆپلىگەن دۆلەت، تەشكىلات ۋە گۇرۇپپىلار مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ چەتئەللەردىكى بىردىن - بىر قانۇنلۇق ئالىي دەرىجىلىك ئورگىنى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىپ مۇناسىۋەت ئورنىتىپ كەلمەكتە.

# غۇلجا ئىنقىلاۋىنىڭ 4 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايغا قارشى نامايىش

ئۆز خەۋىرىمىز: بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر جامائىتى خىتايغا قارشى نامايىش قىلىش، بايانات، ئاخبارات ئېلان قىلىش، تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىش، غۇلجا شېھىدلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمە - قۇرئان قىلىش... قاتارلىق خىلمۇ - خىل شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، مەشھۇر غۇلجا ئىنقىلاۋىنىڭ 4 - يىللىقىنى خاتىرلىدى. شۇ قاتاردا 2 - ئاينىڭ 5 - كۈنى گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇرلارمۇ « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » قارمىقىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » تەشكىلاتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، خىتاينىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىكى كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا خىتايغا قارشى داغدۇغىلىق نامايىش ئۆتكۈزۈپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ غۇلجا خەلقىگە قاراتقان ۋەھشى قىرغىنچىلىقىغا يەنە بىر قېتىم قاتتىق ئېتىراز بىلدۈردى. نامايىش جەريانىدا ئۇيغۇرلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىنى لەپىلدىتىپ، خىتايغا قارشى شوئارلار يېزىلغان لوزۇنكىلارنى ۋە غۇلجا قىرغىنچىلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رەسىملىك تاختىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ، خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى جاراڭلىق شوئار توۋلاپ، ئۆزلىرىنىڭ خىتاي مۇستەملىكچىلىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى بىلدۈرۈشتى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، 1990 - يىلى يۈزبەرگەن بارىن ئىنقىلاۋى ۋە 1997 - يىلىدىكى غۇلجا ئىنقىلاۋىدىن بۇيان، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋەقە يۈزبەرگەن كۈنى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىنى تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئىزچىل تۈردە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى زامان تارىخىدا يۈزبەرگەن يۇقارقى ئىككى چوڭ ھادىسە دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىنمۇ تونۇلۇپ كېلىنمەكتە ۋە چەتئەل مەتبۇئاتلىرىدا بۇ ۋەقەلەر ھەققىدە يۈزلىگەن خەۋەر - ماقالىلار ۋە تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى ئېلان قىلىندى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا بۇ ئىككى قېتىملىق ئىنقىلاپ، تارىخ سەھنىسىدىن يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

# ئاۋستىرالىيەدە بىرلەشمە مەشرەپ

ئەخمەت ئىگەمبەردى

دۇنيا مەركىزىدىن يىراقتا جايلاشقان ئاۋستىرالىيەدە ھازىر 1000 غا يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىق ياشايدۇ. ئۇلار 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تەشكىللىنىشكە قاراپ يۈزلىنىپ، ئۆز ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندا كوممۇنىست خىتاي باسقۇنچىلىرى تەرىپىدىن يوق قىلىنىش تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقان تىلى، دىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ خەلقئارالىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشۇپ كەلمەكتە. 1992 - يىلى قۇرۇلغان « ئاۋستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى » نىڭ رەھبەرلىكى ۋە ۋەتەنپەرۋەر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ھەرخىل ئېتىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە دىنىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق يېڭى - يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇيغۇر ئاھالىسى كۆپرەك جايلاشقان ئادىلايدى شەھىرىدە شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى ئىشلەيدىغان ئۇيغۇر تىلى مەكتىۋىمىز 30 دىن كۆپرەك پەرزەنتلىرىمىزنى ئۆز تىلىمىزدا ئوقۇتۇۋاتىدۇ. 1993 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سېتىپ ئېلىنغان مەسجىدىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر ئىمامىمىز جامائىتىمىزنى ئىسلام ئەقىدىسى ۋە ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيىلەۋاتىدۇ.

1995 - يىلى غۇلجىدا باشلانغان ئاممىۋى مەشرەپ ھەرىكىتى 1997 - يىلى فېۋرالدا يۈزبەرگەن قانلىق باستۇرۇشلاردىن كېيىن، ۋەتىنىمىزدىكى ياشلىرىمىزنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىدىن تەسىرلەنگەن جامائىتىمىز دەسلەپ 1997 - يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا ئادىلايدىدا، 1998 - يىلى سىدنىيدا غۇلجىدىكى ياشلىرىمىز باشلاپ بەرگەن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ تەۋەرۈك مىراسى — مەشرەپنى ئاۋستىرالىيەدە باشلاپ زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننى دۆلەت تېررورلۇق سىياسىتى بىلەن قانلىق تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا يەنچىپ كېلىۋاتقان كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرى 1997 - يىلى غۇلجا قانلىق ۋەقەسىدىن كېيىن ئون مىڭلىغان ياشلارنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۆلتۈرۈپ، قىرغىن قىلىپ، ئۇنىڭدىن يىلى 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى چاپچالدىكى سۈ تۈرمىسىدە مەشرەپ ھەرىكىتىنىڭ ئۇلۇغ يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىتنى قاتتىق قىيىن - قىستاقلاردىن كېيىن شېھىد قىلدى. بۇ پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان ئاۋستىرالىيەدىكى مەشرەپ ئەھلى ئادىلايدى، سىدنىي، مېلبورنلاردىن بولۇپ، چوڭ - كىچىك 70 كىشىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن « N S W » بىلەن ۋىكتورىيەنىڭ چېگرىسىغا جايلاشقان ئوۋنىس جىلغىسىدىكى Walley Homestad دەم ئېلىش لاگىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مەشرىپىنى باشلىدى.

بىرلەشمە مەشرەپ نەق 30 كۈنلۈك ئۇلۇغ رامزان ئېيى تۈگەپ، روزا ھېيتىنىڭ بىرىنچى كۈنىگە توغرا كەلدى. مەشرەپ ئەھلى 2000 - يىلى 27 - دېكابىر كۈنى تاڭ سەھەردە بىر قانچە يۈز كىلومېتىر يول يۈرۈپ، مېلبورندىكى ئىمام ئەلى مەسجىدىگە بېرىپ ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ، بىر - بىرىنىڭ روزا ھېيت بايرىمىنى تەبرىكلەشتى ۋە شۇ كۈنى كەچتە بىرلەشمە مەشرەپ رەسمىي باشلاندى. دەم ئېلىش زالىدىكى كونفرانس سالونىنىڭ تۆرىگە چىرايلىق قىلىپ ئۇيغۇرچە ۋە ئېنگلىزچە تىللاردا « ئاۋستىرالىيەدە شەرقىي تۈركىستان مەشرىپى » دېگەن خەتلەر يېزىلغان پىلاكات ئېسىلغان، پىلاكاتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى، سول تەرىپىگە ئاۋستىرالىيە دۆلەت بايرىقى ئېسىلغان ئىدى.

يىگىت بېشى مەشرەپنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ئىمام سەيپىدىن 1997 - يىلىدىكى غۇلجا قانلىق ۋەقەسى، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن كوممۇنىست خىتاي جاللاتلىرى تەرىپىدىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقى يولىدا شېھىد قىلىنغان ئابدۇخېلىل ئابدۇمجىت باشلىق شېھىدلارنىڭ روھىغا ئاتاپ خەتمە قۇرئان قىلدى ھەم مەشرەپ رەھبەرلىرى تەرىپىدىن ۋەتىنىمىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە تەسىرلىك قىلىپ قىسقىچە مەلۇماتلار بېرىلدى.

بىرلەشمە مەشرەپ ئۆزىنىڭ كۆڭۈلتۈگە ئاساسەن كەچتە مەشرەپ ئويۇشتۇرسا، كۈندۈزلىرى ھەر خىل سپورت مۇسابىقىلىرى، باللارنىڭ يىغىلىش ئويۇنلىرى، ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن تونۇشۇش، تاغلارغا چىقىش، تارىخىي ئورۇنلارنى زىيارەت قىلىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى. 28 - دېكابىر مەشرەپ ئەھلى بىرايت ناھىيىسىنى ئايلىنىپ، بۇففالو تېغىنى ساياھەت قىلغان بولسا، 29 - دېكابىر كۈنى ئاۋستىرالىيە بويىچە 1886 مېتىرلىق 3 - ئېگىز تاغ خوتىسخام تېغىغا چىقتى.

بۇ ئەتراپتىكى يېشىل تاغلار، گۈزەل جىلغا سايلار، قويۇق ئورمانلار، ئىنىق كۆللەر، ئىللىق تاغ ھاۋالىرى مەشرەپ ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىپ، خوشال ھېسلارغا چۆمۈلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا باسقۇنچى دۈشمەن زۇلمى ئاستىدا قالغان سۆيۈملۈك ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ كەڭ سايلىرى، ئورۇمچىنىڭ بوغدا كۆللىرى، ئۇچتۇرپاننىڭ گۈزەل يايلاقلىرى، قەشقەرنىڭ مۇڭلۇق باغلىرى ھەتتا تەكلىماكاننىڭ دەشت - چۆللىرى بىلەن ئۇنىڭدا ئۆسكەن شۇۋاقلىرى ھەققىدە ئۇزاق - ئۇزاق سۆزلىشىپ، ۋەتەندىكى قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ ئەسلەشتى.

بىرلەشمە مەشرەپنىڭ 3 - كۈنى كەچتە يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، مەشرەپنىڭ ئۇتۇغلۇق ئۆتكەنلىكىنى، بۇندىن كېيىنمۇ ۋەتەنداشلار ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنى، مىللىي مەۋجۇتلۇقىمىزنى ساقلاش ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى يەنىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەر يىلى بىر قېتىم « بىرلەشمە مەشرەپ » ئۆتكۈزۈشنى نىيەت قىلىشتى.

2001 - يىلى 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى
(لىۋىرپول — سىدنىي)

# « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ ئىنسان ھەقلىرى دوكلاتى خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى

مىللىي قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن ھازىرلىنىپ تارقىتىلغان « شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرى » ناملىق ئومۇمىي دوكلات شاڭگاڭ ۋە چەتئەللەردىكى خىتاي مەتبۇئاتلىرىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى.

ئۆتكەن يىلىنىڭ باشلىرىدا « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ۋەتەندىن ئالغان ئاخبارات - ئۇچۇرلار ۋە قولغا چۈشۈرگەن خىتاينىڭ مەخپىي ھۆججەت - ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ئاياغ ئاستى قىلىنىشلىرى ھەققىدە ئومۇمىي بىر دوكلات ھازىرلاپ چىقىپ، بۇ دوكلاتنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنگلىزچە، نېمىسچە ۋە تۈركچە تىللاردا پۈتۈن دۇنياغا تارقاتقان ئىدى. يېقىندا مەزكۇر دوكلات « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ شۆبىتىسىدە ئورۇنلۇق ۋەكىلى دىلشات رىشىت ۋە كۈرەش كۆسەنلەر تەرىپىدىن خىتايچىغا تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلغان ئىدى. بۇ دوكلاتنىڭ خىتايچە نۇسخىسى تارقىتىلغاندىن كېيىن، شاڭگاڭدا نەشر قىلىنىۋاتقان خىتايچە « كەيفاڭ » ژۇرنىلى دوكلاتنىڭ تولۇق تېكىستىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ دوكلاتنىڭ تولۇق تېكىستى ئامېرىكىدا چىقىۋاتقان « چوڭ - كىچىك پايدىلىنىش خەۋەرلىرى » نىڭ ئىنتېرنېت سەھىپىسىدىمۇ ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شاڭگاڭ، تەيۋەن ۋە چەتئەللەردىكى خېلى كۆپلىگەن خىتايچە گېزىت - ژۇرناللارمۇ يۇقارقى دوكلاتنىڭ بەزى پاراگرافلىرىنى ئۈزۈپ خەۋەر قىلغان.

شاڭگاڭدىن كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، يۇقارقى دوكلات « كەيفاڭ » ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئىنتايىن كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىغان. ھەتتا « شىنخۇا ئاخبارات ئاگېنتلىقى » مۇ مەزكۇر دوكلات مۇناسىۋىتى بىلەن باياناتلار ئېلان قىلىپ، دوكلاتتا يەر ئالغان پاكىتلارنى قارىلاشقا تىرىشقان.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان يۇقارقى دوكلات « ئۇچقۇن » ۋە « ئىستىقلال » گېزىتلىرىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى پەرھات يورۇڭقاش تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان ئىدى.

(بېشى 4 - بەتتە)

ئاممىسىغا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتىن ئىبارەت تەبىئىي ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسىدا كۆرسىتىلگەن قائىدىگە ئۇيغۇن ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشتىكى مەقسىدىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە بۇ رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئۇلارنىڭ ئىرادىسى بويىچە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى ئائىلىسىدىكى تەڭ ھوقۇقلۇق ئورنىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىكەنلىكىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك. مانا شۇنداق قىلغاندىلا ئۆز - ئارا زىددىيەتلەرنى ئازايتىپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان توقۇنۇشلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقنى تېنچلىق ئۇسۇلى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئۆۋەتتە خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن تەلەپپۇز قىلىنىۋاتقان ئاتالمىش « شىنجاڭ » نىڭ تارىختىكى ئەسلى نامى « شەرقىي تۈركىستان » بولۇپ، « شىنجاڭ » دېگەن بۇ ئۇقۇم « يېڭىدىن بويسۇندۇرۇلغان تۇپراق » دېگەن مەنىنى بىرىدۇ، بۇ نام ئارقىلىق ئۇيغۇرلار كەمسىتىلىپ كەلمەكتە. 1992 - يىلى ئىستانبولدا چاقىرىلغان ئۇنجى ئۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ خىتابنامىسىدا « ۋەتىنىمىزنىڭ نامى شەرقىي تۈركىستان » دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن ئىدى. مەن بارلىق خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى ۋە شەخسلىرىنىڭ خەلقىمىز ئىختىيارلىنىپ كەلگەن بۇ نامنى قوبۇل قىلىشنى ۋە ئۇنى قوللىشىنى ئۈمىت قىلىمەن. مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قوللايدىغان دېموكراتىك خىتاي، ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ « شىنجاڭ » دېگەن مۇستەملىكە تۈسىنى ئالغان بۇ نامنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تولۇق مۇستەقىللىقتىن باشقا ھېچقانداق بىر سىياسىي گەۋدىگە كىرىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېنىقمۇ ياخشى چۈشىنىپ يېتىشى لازىم.

شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، خىتاينىڭ دېموكراتىيەلىشىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. پەقەت خىتاي دېموكراتىك ھەرىكىتى مىللىي شوۋىنىستىك ئىدىيىسىدىن ۋاز كېچىپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇيغۇر، موڭغۇل، تىبەت خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن ھەقىقىي يوسۇندىكى ھەمكارلىقنى يولغا قويالايدۇ. مەن يېڭى بىر يىل ھارپىسىدا ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئۆز - ئارا ھۆرمەت قىلغان ئاساستا، كۆپچىلىكنىڭ قولنى قولغا بېرىپ ھەمكارلىشىپ، كىشىلىك ھوقۇقنى، دېموكراتىيەنى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش سېپىدە خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى سىياسەت ۋە تاكتىكىلارنى تۈزۈپ چىقىشنى تەكلىپ قىلىمەن.

2000 - يىلى 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنى (بون)

# ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ناخشا ئېيتقان گېرمان خانىم

بىر يۇلتۇز ساقىدى،
چەكسىز بوشلۇققا شۇڭغۇپ.
بىر ۋەتەن — ئۇنىڭ ئىسمى
ئۇيغۇرىستان،
يوق بولماقتا...
خىتاي ئەجدىھاسىنىڭ
قارنىغا سۈمۈرۈلۈپ.

بىر غالجىر ئىت،
بىر بوۋاقنى يېمەكتە.
نەدە ئۇ ئىتنىڭ ئىگىسى؟
نەدە ئۇ بوۋاقنىڭ ئىگىسى؟
نەدە؟!
نەدە؟!
نەدە بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى؟!

مانا بۇ، زۇلۇم ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان بىر مىللەتنىڭ غەزەپلىك ساداسى... ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ناخشا ئېيتقان بىر گېرمان خانىمنىڭ ناخشا ساداسى... گېرمانىيەنىڭ داڭلىق ناخشىچىسى فېدىرىخ ھوف خانىمنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى، بۈگۈنكى بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان يۈزدىن ئارتۇق گېرمانلارنىڭ يۈرىكىنى تىترىتىۋەتتى، سەھنە ئېكرانىدا كۆرسىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈنكى پاجىئەلىك تەقدىرى تەسۋىرلەنگەن ئوبرازلىق سىزما رەسىملەر كۆرگەزمىگە قاتناشقۇچىلارنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇردى.

بۇ پائالىيەت 17-فېۋرال فېدىرىخ ھوف خانىمنىڭ خۇسۇسى ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ميۇنخېن شەھىرىنىڭ « لايىم مەدەنىيەت مەركىزى » دە ئۆتكۈزۈلدى ۋە بۇ پائالىيەتتە يېڭىدىن تونۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر رەسسام، داڭلىق شائىرە زەينۇرە ئەيسا خانىمنىڭ ئەسەرلىرى ئاساس قىلىنىپ، ئۇيغۇرىستان ۋە ئۇيغۇر مىللىتى ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇلدى.

ئازاپلىق ناخشا ساداسىدىن زالنىڭ ئىچى ئېغىر سۈكۈتكە تولغانتى. فېدىرىخ خانىم بەزىدە يىغلايتى... بەزىدە ئاسمانغا قاراپ بىرنىمىلەرنى دەپ ئىلتىجا قىلاتتى. كۆرگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى ئاھ ئۇراتتى، بەزىلىرى يىغلايتى، ئېكراندا زەينۇرە خانىمنىڭ يېڭىدىن سىزىپ چىققان قوللىرىدا كەتمەن تۇتۇپ ئىشلەۋاتقان، تاغار كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئۇيغۇر ئاياللىرى... مەشھۇر « مەدەنىيەتنى يوقۇتۇش زور ئىنقىلابى » دا دارغا ئېسىلغان « مەلىكە زىياۋدۇن » لار، « ئىككى تۈگمەن تېشى » ، « خىتاي ئەجدىھاسىنىڭ يەر شارىنى سۈمۈرۈشى » قاتارلىق رەسىملىرى كۆرگۈچىلەرنى ئالاھىدە جەلپ قىلغان ئىدى. فېدىرىخ خانىمنىڭ تەڭكەش قىلىنىپ ئېيتىلىۋاتقان يۇقۇرى ئاۋازلىق لېرىكىلىق ناخشىسى كىشىگە خۇددى بۇ دۇنيانى شەرقتىكى دېڭىزدىن باش كۆتەرگەن بىر قانخور ئەجدىھانىڭ يالماپ يۇتۇپ، ئاخىرى زامان بولۇۋاتقاندەك قورقۇنۇچلۇق بىر تىراگېدىيەنى نامايەن قىلاتتى.

مەزكۇر پائالىيەت ئىككى سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشتى.

— فېدىرىخ خانىم، سىز دۇنيادا ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ ناخشا ئېيتقان گېرمان خانىمسىز، خەلقىمىز سىزنى ھەرگىز ئۇنۇتمايدۇ.

قوللىرىدا تۇتام-تۇتام گۈلدەستىلەرنى تۇتقان فېدىرىخ خانىم، ھاياجاندىنمىكىن ياكى... كۆز ياشلىرىنى بىزدىن يوشۇرالماي قالدى...

(ئۇيغۇر ئەزىزى تەييارلىدى)

# قازاقىستان تۈرمىسىدىكى نوزۇگۇم تۇرسۇنمۇھەممەت قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىندى

ئۆز خەۋىرىمىز: بىرقانچە مەزگىلدىن بۇيان قازاقىستان تۈرمىسىدە قاماقلىق تۇرىۋاتقان نوزۇگۇم تۇرسۇنمۇھەممەت خانىم، « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » دائىمى كومىتېت ئەزالىرىدىن دىلبىرىم سامساقوۋا ۋە گۈلنۇر جالانوۋا خانىملارنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە يېقىندا تۈرمىدىن چىقىپ ھۆرلۈككە ئېرىشتى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۆتكەندە شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىقىپ قازاقىستاندا ۋاقىتلىق پانالىنىپ تۇرىۋاتقان 4 نەپەر ئۇيغۇر مۇجاھىد قازاقىستان ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ۋەقەدىن كېيىن، بۇ 4 نەپەر ئۇيغۇر ياشنىڭ بىرىنىڭ خانىمى بولغان نوزۇگۇم تۇرسۇنمۇھەممەت خانىم قازاقىستان ساقچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان ئىدى. نوزۇگۇم تۇرسۇنمۇھەممەت خانىم قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى نەپەر نارسىدە بالىسى يېتىم قالغان ۋە بۇ يېتىم بالىلارغا قۇرۇلتاي دائىمى كومىتېت ئەزالىرىدىن دىلبىرىم سامساقوۋا خانىم بىلەن گۈلنۇر جالانوۋا خانىملار ساھىپ چىقىپ بېقىۋالغان ئىدى. شۇندىن كېيىنمۇ بۇ ئىككى نەپەر قۇرۇلتاي رەھبىرى يۇقۇرى-تۆۋەن قاتراپ يۈرۈپ قازاقىستاننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچرىشىپ، تۈرمىدە يېتىۋاتقان نوزۇگۇم تۇرسۇنمۇھەممەت خانىمنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن جىددى ھەرىكەتكە ئۆتكەن ئىدى. يېقىندا قازاقىستان پىرىزىدېنتى قازاقىستان بويىچە ئومومى كەچۈرۈم ئېلان قىلغاندا، قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنىڭ ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە نوزۇگۇم تۇرسۇنمۇھەممەت خانىممۇ كەچۈرۈم قىلىنغانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ ھۆرلۈككە ئېرىشتى.

« 8-مارت » ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن يېقىندا « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان قىسقا بىر باياناتت ئېلان قىلىپ، نوزۇگۇم تۇرسۇنمۇھەممەت خانىمنىڭ ھۆرلۈككە ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنى نامىدىن قازاقىستاندىكى قۇرۇلتاي رەھبەرلىرى دىلبىرىم سامساقوۋا ۋە گۈلنۇر جالانوۋا خانىملارنىڭ ئالىجاناپ ھەرىكىتىگە ئالاھىدە تەشەككۈر ئېيتتى.

رەئىس ئەنۋەرجان باياناتنامىسىدا، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خانىم-قىزلىرىنىڭ بايرىمىنى قىزغىن مۇبارەكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە شەرقىي تۈركىستان خانىم-قىزلىرىنى نوزۇگۇم، رىزۋانگۈل قاتارلىق قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ۋە شۇنداقلا، ۋەتەندە خىتاي تۈرمىسىدە يېتىۋاتقان رابىيە قادىرغا ئوخشىغان قەيسەر خانىم-قىزلىرىمىزنىڭ كۈرەش روھىدىن ئۆگىنىپ، كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ بەخت-سائادىتى ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشقا چاقىردى.

ھەرىكەتكە ئۆتكەن ئىدى. يېقىندا

گېزىتىمىزنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي نامىدىن:
ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىرلەر: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
ئۇيغۇر ئەزىزى
ئاسىيەم پىدا
كومپيۇتېرغا ئالغۇچى:
ئالىمجان مۇھەممەت

گېزىتنىڭ نازارەتچىلىرى:
ھاجى ياقۇپ ئانات (تۈركىيە)
ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر (ئامېرىكا)
سىدىقھاجى رۇزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋىستىرالىيە)
سىيىتجان قەيسەر (ئۆزبەكىستان)
توختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە)
قەھرىمان غوجامبەردى (قازاقىستان)
سابىت ئابدۇراخمان (قازاقىستان)

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات-ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

يازدەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نومۇرىمىز:
Ostturkistanische
(Uighurischer)
National Kongress
Deutsche Bank
Konto Nr: 2009207
BLZ:70070024

ئادرېسىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
National Kongress
Landwehrstr. 17
80336 Munchen
Germany
Tel:
0049 89 55 86 99 86
178 35 25
Fax:
0049 89 55 86 99 87
178 35 25